مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى

ياخشى ئاچا ـ سىڭىل يېقىن سىرداش

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز مېھرىگۈل غوپۇر، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز گۈليار قادىربېك**

«ئاچام ماڭا قېرىنداشلىقنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇردى، شۇنداقلا ماڭا ئاياللار يېرىم دۇنيا دېگەن داۋلىنى چۈشەندۈردى، تۇرمۇشۇم رەڭدارلاشتى.» 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئۆزىنىڭ قوشماقلاشقان تۇغقىنىنى تىلغا ئالغاندا، قاراماي شەھىرى جەرەنبۇلاق رايونى(قاراماي يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەر تەرەققىيات رايونى)نىڭ ئاھالىسى ئايگۈل ھەسەننىڭ چېھرىدە بەخت كۈلكىسى جىلۋىلەندى.

ئىككى يىل ئىلگىرى قاراماي شەھىرى جەرەنبۇلاق رايونى(قاراماي يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەر تەرەققىيات رايونى) ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شياۋ چىن بىلەن ئايگۈل قوشماقلىشىپ تۇغقان بولدى، شۇ چاغدىن باشلاپ، ئايگۈل ئائىلىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرى شياۋ چىننىڭ ئۆز ئىشى بولۇپ قالدى.

ئايگۈل ئىلگىرى باللار پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، پۇتى مېيىپ بولۇپ قالغانىدى، ئېرىنىڭ سالامەتلىكىمۇ تازا ياخشى ئەمەس بولۇپ، ئۆيىدە يەنە ئۈچ بالىسى بار ئىدى، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى جاپالىق ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئايگۈل دائىم غەمكىن يۈرەتتى.

«مەن دائىم قۇربىمنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ تۇرمۇشىدىكى بەزى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بەردىم. ئەمما، كېيىن مەن بۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.» شياۋ چىن ئايگۈلنىڭ كۈنبويى قازان بېشى ۋە بالىلىرىنىڭ ئەتراپىدىلا يۈرىدىغانلىقىنى، سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشنى ئويلاپ باقمىغانلىقىنى بىلىپ، ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، جەزمەن ئاۋۋال ئۇنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى.

ئىككىيلەن كۆرۈشكەندە، شياۋ چىن دائىم ئايگۈلگە كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىپ، ئاياللارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىش، ئىگىلىك تىكلەش ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بەردى، ئۇنىڭغا ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ يۈرۈشنى ئۆگىتىپ، چىرايلىق يېڭى كىيىم ئېلىپ بەردى. ئايگۈلنىڭ كۈلكىسى بارا ـ بارا كۆپەيدى، كۆزلىرىمۇ نۇرلاندى.

«ئاچا، خۇددى سىز دېگەندەك، سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىدىغان ئاياللارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، نۇرغۇنلىرىنىڭ ئائىلىسىنىڭ تۈۋرۈككە ئايلىنىپ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ‹يېرىم دۇنيا› بولغانلىقىنى بايقىدىم، مېنىڭچە مەنمۇ قىلالايمەن.» بىر كۈنى ئايگۈل شياۋ چىنغا قەلبىدىكى گەپنى قىلدى.

بۇ گەپ شياۋ چىننى خۇشال قىلىۋەتتى. «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە، ئايگۈل شۇ جايدىكى بىر كارخانىدىن مۇۋاپىق ئىش ئورنى تاپتى. «مەن ئىلگىرى قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ، سىناپ باقمايلا ۋاز كەچكەنىدىم، ئاچام ماڭا ئىزچىل نەسىھەت قىلمىغان بولسا، ئۆزۈمنىڭ ئەسلىدە بۇنداق ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىمنى بىلمەس ئىكەنمەن.» ھازىر ئايگۈلنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئىپتىخارلىق چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇ ھازىر ھەر ئايدا 3000 يۈەنگە يېقىن مۇقىم كىرىم قىلىدۇ، ئىش قىلغاندا دائىم پۈتمەس ـ تۈگىمەس كۈچكە تولىدۇ.

لېكىن يەنە بىر ئىش ئايگۈلنىڭ بېشىنى بەك ئاغرىتتى. «ئاچا، يېقىندىن بۇيان بالامنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى سەل تۆۋەنلەپ قالدى، مېنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەم تۆۋەن، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلغۇدەك ئىقتىدارىم يوق، قانداق قىلسام بولار؟» قىزى ئەقدەم مەمەتتۇرسۇننىڭ نەتىجىسى كۆتۈرۈۋالغان ئايگۈلنىڭ كۆڭلى غەش ئىدى.

شياۋ چىن تەشەببۇسكار ھالدا بالىنىڭ سىنىپ مەسئۇلى بىلەن ئالاقىلىشىپ، كونكرېت ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئەقدەمگە يېتەكچىلىك پىلانى تۈزۈپ بەردى، ھەر ھەپتە ئاخىرىدا يەنە بالىغا يۈزتۇرا يېتەكچىلىك قىلدى. «مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن مېنىڭ تەكرار قىلىشىمغا ياردەم بەردى، شياۋچىن ئاپام دائىم ماڭا يېتەكچىلىك قىلدى، مەن ئۆزۈممۇ تىرىشتىم» دېدى ئەقدەم خۇشال ھالدا، ھازىر ئۇنىڭ نەتىجىسىدە زور ئىلگىرىلەش بولدى.

ئايگۈل بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ كۈلكىسىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، تۇرمۇشىنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شياۋ چىن چەكسىز مەمنۇنلۇق بىلەن مۇنداق دېدى: «ھەر قېتىم سىڭلىمنىڭ چېھرىدىكى تەبەسسۇمنى كۆرگىنىمدە، بارلىق ئەجرىمنىڭ زايە كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلىمەن».

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار تارماقلار تۈرلۈك كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى يەڭگىللەتتى، ھەل قىلدى: ئاپتونوم رايوندىكى قاتناش ـ ترانسپورت تارماقلىرى 420 مىڭغا يېقىن ئاپتوموبىلنىڭ 49 مىليون 50 مىڭ يۈەن ئاپتوموبىل توختىتىش ھەققىنى كېمەيتتى، كەچۈرۈم قىلدى، كىرا ئاپتوموبىلىنى باشقۇرۇش ھەققى(ھۆددىگە ئېلىش ھەققى) قاتارلىق ئالاقىدار ھەقتىن 192 مىليون يۈەننى كېمەيتتى، كەچۈرۈم قىلدى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت كارخانىلىرى ھەم كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئاپپاراتلىرى جەمئىي 23 مىڭ يەككە سودا ـ سانائەتچىنىڭ 14 مىليون 650 مىڭ يۈەن تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ھەققىنى كەچۈرۈم قىلدى؛ شىنجاڭ خەۋەرلىشىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 152 مىڭ 200 يەككە سودا ـ سانائەتچىنىڭ 9 مىليون 730 مىڭ يۈەن تور ئىشلىتىش ھەققىنى كېمەيتتى، كەچۈرۈم قىلدى؛ ھەرقايسى ساھە جەمئىيەتلىرى، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىلىرى ۋە سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرى 32 مىڭ 500 يەككە سودا ـ سانائەتچىنىڭ 19 مىليون 510 مىڭ يۈەن ئەزالىق بەدەل پۇلىنى كەچۈرۈم قىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى پۇقراۋى كارخانىلارمۇ ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ئۆي ئىجارىسىنى كېمەيتىپ، كەچۈرۈم قىلىپ، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا كۈچ قوشتى. شىنجاڭ خۇالىڭ سانائەت ـ سودا (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بەش بازاردىكى 28 مىڭ تىجارەتچىنىڭ 190 مىليون يۈەن ئىجارە پۇلىنى كېمەيتتى، كەچۈرۈم قىلدى؛ شىنجاڭ يىپەك يولى گۆھەر زېمىن سودا مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى قارىمىقىدىكى رۇيدا يىپەك يولى گۆھەر زېمىن مال سېتىۋېلىش مەركىزى 200دىن ئارتۇق تىجارەتچىنىڭ 6 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئىجارە پۇلىنى كېمەيتتى، كەچۈرۈم قىلدى...

بۇنىڭدىن سىرت، ئاپتونوم رايون يەنە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملىتىش ھەققى، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ماجىرانى مۇرەسسە قىلىش ھەققى قاتارلىقلارنى كېمەيتتى، كەچۈرۈم قىلدى.

تۈرلۈك كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىدىن يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ئىشەنچىسى ئېشىپ، يېنىك جابدۇنۇپ ئالغا ئىلگىرىلىدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ سانى زور دەرىجىدە ئاشتى. 3 ـ ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمەلىي بار بولغان، تىجارەتنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان يەككە سودا ـ سانائەتچى 1 مىليون 481 مىڭ بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 14% ئاشتى.

«كېيىنكى قەدەمدە، بىز ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سىياسەت تەدبىرلىرىنىڭ تەشۋىق قىلىنىش سالمىقى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش كۈچلۈكلۈكى، مۇلازىمەت قىلىش دەللىكىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، سىياسەتنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى، سودىنى، بازارنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بازار تەكشۈرۈش مەخسۇس خادىمى ۋاڭ جۈنكاڭ.

بۇ يىل پۈتۈن كەسپ زەنجىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى
9 مىليارد 500 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇلدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«پىلان»دا ئومۇمىي پىكىر يولى ۋە نىشان ـ ۋەزىپىلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، ئات كۆپەيتىش ـ يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، تاۋار ئات بازىسى قۇرۇلۇشى، ئات مەدەنىيەت ـ ساياھەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش، چەۋەندازلىق مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش ۋە ئاتچىلىق كەسپى تەرەققىياتىنىڭ تايانچ سىستېما قۇرۇلۇشى قاتارلىق بەش تۈرلۈك خىزمەتنى نۇقتىلىق ئالغا سىلجىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئات كۆپەيتىش ـ يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش جەھەتتە، ئات نەسلىنى ئىرسىيەتلىك ياخشىلاش قەدىمىنى تېزلىتىپ، يادرولۇق نەسىللىك ئات يېتىشتۈرۈش فېرمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يادرولۇق نەسىللىك ئات يېتىشتۈرۈش فېرمىسى ئۈچۈن نەسىل تاللاش خىزمىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئات يېتىشتۈرۈش كەسپىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئات نەسلى بايلىقىنى قوغداشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئات تۈرلىرىنى تىزىملاش خىزمىتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ئات تۈرلىرىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاتنى كۆندۈرۈش، مەشقلەندۈرۈش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەمەلىي كۆندۈرۈش، مەشقلەندۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلەپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، بازار ئېھتىياجلىق بولغان تۈرلۈك مەخسۇس ئات تۈرلىرىنى سىستېمىلىق كۆندۈرۈش، مەشقلەندۈرۈشنى تەشكىللەش كېرەك.

تاۋار ئات بازىسى قۇرۇلۇشى ۋە ئات مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىشنى ئالغا سىلجىتىش جەھەتتە، تاۋار ئات بازىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئات مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە ـ چوڭقۇر پىششىقلاشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭ ئات مەھسۇلاتلىرىنىڭ خاس سۈپەتلىك ماركىسىنى يارىتىپ، ئاتچىلىق كەسپىگە سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىشنى كۈچەيتىپ، كۆپ خىل سېتىش ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئات مەھسۇلاتلىرىنى ئاپتونوم رايون سىرتى ۋە دۆلەت سىرتىدا سېتىشقا ئىلھام بېرىش كېرەك.

ئات مەدەنىيەت ـ ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە، ئات مەدەنىيىتى كىنو ـ تېلېۋىزىيە تارقىتىش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئات مەدەنىيەت ـ ساياھەت كەسپ باغچە رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئات مىنىپ سەيلە ـ ساياھەت قىلىش سەرخىل لىنىيەلىرىنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرگە يۈزلەنگەن ئات مىنىپ سەيلە ـ ساياھەت قىلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، چەۋەندازلىق ماھارىتى كۆرسىتىش، مەنزىرە رايونىدا ئات مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىش، ئات مىنىپ ھۆزۈرلىنىش، ئات مىنىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلىش قاتارلىق ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى پائال ئېچىش كېرەك.

چەۋەندازلىق مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش جەھەتتە، شىنجاڭ چەۋەندازلىق سەييارە مۇسابىقىسى مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئات بەيگىسى مۇسابىقىسى سۈپەتلىك ماركىنى بەرپا قىلىپ، دۆلەت ئىچىدە سۈپەتلىك ماركىلىق مۇسابىقە يارىتىپ، شىنجاڭ ئات بەيگىسىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مۇسابىقە جەھەتتىكى ھەمكارلىق ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭ چەۋەندازلىق مۇسابىقىسىنىڭ خەلقئارالىشىش، كەسپلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

«پىلان»دا يەنە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئاتچىلىق كەسپى تەرەققىيات تايانچ سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلىپ، ئاتچىلىق كەسپىنىڭ ئۆلچەم سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بەش تۈردىن يۇقىرى ئاتچىلىق كەسپ ئۆلچىمىنى بېكىتىش خىزمىتىنى باشلاپ، ئاتچىلىقتا پەن ـ تېخنىكىنى تايانچ قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاتچىلىق كەسپى ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئات يۇقۇملۇق كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاتچىلىق كەسپى سانلىق مەلۇمات سۈپىسىنىڭ قوللىنىلىش مۇساپىسىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئاتچىلىق كەسپىنىڭ سانلىق مەلۇمات ئېھتىياجىغا مۇلازىمەت قىلىپ، ئاتچىلىق كەسپى بويىچە ئۇنىۋېرسال ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار تارمىقىدىكى مەسئۇل كىشى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايون ئاتچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئاتچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، مەبلەغ جەھەتتىمۇ قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، ھازىر بار بولغان مالىيە مەبلىغى سىياسىتى ئارقىلىق ئاتچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشقا كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، كۆپ مەنبەلىك مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرىنى بەرپا قىلىپ، ئىجتىمائىي كاپىتال سېلىنمىسىنى پائال قوزغىتىپ، ئاتچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ۋە كەسپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىقلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون ناھىيەنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سېخى، ھەمراھ زاۋۇت تۈرلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، ئاھالىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا توك ئىشلىتىش ئېھتىياجى سىجىل ئاشتى، قىسمەن لىنىيەدە توك بېسىمى مۇقىم بولماسلىق قاتارلىق توك بىلەن تەمىنلەش مەسىلىلىرى كۆرۈلدى.

شۇ جاينىڭ كەسپ تەرەققىياتىدىكى ئېلېكتر ئېنېرگىيە تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش . يېزا ـ كەنتلەرنى يورۇتۇش» بويىچە توك بىلەن تەمىنلەش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەخسۇس ھەرىكىتىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيەگە قارىتا توك بىلەن تەمىنلەشتىكى مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، توك تەقسىملەش تورى لىنىيەسى، توك تەقسىملەش ترانسفورموتور رايونى قاتارلىقلارغا چېتىشلىق توك بىلەن تەمىنلەشتىكى كۆپ تۈرلۈك سۈپەت مەسىلىسىنى بايقىدى.

دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ چىقىلغان توك بىلەن تەمىنلەشتىكى سۈپەت مەسىلىسىنى تۈرگە ئايرىپ ھەل قىلدى. ئېلېكتر تورىنىڭ يۈرۈشۈش شەكلىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق ئەلالاشتۇرۇش، «يەتكۈزۈش، تەكشۈرۈش، رېمونت قىلىش» بىر گەۋدىلەشكەن باشقۇرۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ قانات يايدۇرۇش، توك تەقسىملەش تورى ئۈسكۈنىلىرىنىڭ يۈرۈشۈشنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ھەم سانلىق مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلىشنى كۈچەيتىش، يادرولۇق رايوندا توك تەقسىملەش ئۈسكۈنىسى كەمچىل بولۇشنى تۈگىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، قىسمەن توك بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

تۈزىتىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭ بولۇپ، تۈر ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىرىدە، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى 176 يېزا توك تەقسىملەش تورىنى ئۆزگەرتىش تۈرىنى يېڭىدىن كۆپەيتىپ، نۇقتىلىق رايونلاردا يادرولۇق ئۈسكۈنە ۋە لىنىيەلەرنى دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىپ، يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى تاماملاشنى پىلانلىدى.

ئىگىلىنىشچە، «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش . يېزا ـ كەنتلەرنى يورۇتۇش» بويىچە توك بىلەن تەمىنلەش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەخسۇس ھەرىكىتىنىڭ داۋاملاشما پىلانىدا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى قالپىقى ئېلىۋېتىلگەن 25 ناھىيە ۋە نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈلگەن 3107 كەنت بۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ، قالپىقى ئېلىۋېتىلگەن بۇ ناھىيە، كەنتلەرنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش سۈپىتى داۋاملىق ئۆستۈرۈلىدىكەن.

ماددىي ئەشيا تەمىناتى كاپالەتكە ئىگە بولدى ئاساسىي تۇرمۇش بۇيۇملىرى مۇقىم ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭ جيۇدىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تىجارەت باشقۇرۇش چەكلىك شىركىتىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، شۇ كۈنى بۇ بازاردىكى كۆكتات سودا مىقدارى 4263 توننا بولۇپ، سېتىلىش دائىرىسى پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىغان.

«يۇقۇم مەزگىلىدە، كۆكتات، ئاشلىق، ياغ قاتارلىق زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى تەمىناتى كاپالىتىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى، بۇ گۇرۇپپا شەندۇڭ، گۇاڭدۇڭ، يۈننەن، سىچۈەن، خېبەن قاتارلىق كۆكتات بىلەن نۇقتىلىق تەمىنلەيدىغان ئۆلكە، رايونلارغا بېرىپ ئۇدۇللاشتۇردى، بىزمۇ كەسپىي خادىملارنى بىللە ئەۋەتىپ، شۇ جايدىكى كۆكتاتچى ئائىلىلەر بىلەن ئېتىز بېشىدىلا مال بىلەن تەمىنلەش كېلىشىمى ئىمزالاپ، كۆكتاتنى يېتەرلىك مىقداردا تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدۇق. نۆۋەتتە، كۆكتات بىلەن تەمىنلەش ئىنتايىن يېتەرلىك بولۇپ، ھەر كۈنلۈك تەمىنلەش مىقدارى 4000 توننا ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ» دېدى شىنجاڭ جيۇدىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تىجارەت باشقۇرۇش چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى چېن جۈك.

كۆپ تەرەپلىك بىۋاستە تەمىنلەش يوللىرى ئېچىلىپ، تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ باھاسى ۋە سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ تىزگىنلەش سالمىقى يەنىمۇ ئاشۇرۇلدى... يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ تەرەپ تەڭ تۇتۇش قىلىپ، تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەر ئارقىلىق ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى بازار تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى، بازار تەمىناتى يېتەرلىك، باھا مۇقىم بولۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئېشىشىنى ساقلىدى. ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىك تۈرىدىكىلەرنىڭ پارچە سېتىلىشىنىڭ ئېشىشى بىرقەدەر ياخشى بولدى، بولۇپمۇ گۆش، قۇش، تۇخۇم تۈرىدىكىلەر ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرى تۈرىدىكىلەر زور دەرىجىدە ئاشتى. 1 ـ پەسىلدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە چەكلىك سوممىدىن يۇقىرى كۆلەمدىكى ئورۇنلار ئىشقا ئاشۇرغان ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىك تۈرىدىكىلەرنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 3.8% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق، ياغ تۈرىدىكىلەر 4% ئاشتى، گۆش، قۇش، تۇخۇم تۈرىدىكىلەر 34.7% ئاشتى، سۈت مەھسۇلاتلىرى تۈرىدىكىلەر 20.3% ئاشتى.

ئۈرۈمچى شەھىرى مىدۇڭ رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ تۇڭخۇي بازار چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى ئەڭ چوڭ «كۆك ـ تاق» ۋە «مېۋە ـ چېۋە» بازىرى. 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، مۇخبىر تۇڭخۇي دېڭىز مەھسۇلاتلىرى، توڭلىتىلغان يېمەكلىكلەر، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر توپ سېتىش پونكىتىدا گۈرۈچ، ئۇن، ياغنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 300 نەچچە خىل ئاشلىق، ياغ، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر تۈرىنىڭ تولۇق، مال مىقدارىنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىگىلىدى. يۇقۇم مەزگىلىدە، تۇڭخۇي بازىرىدىكى 150 تىجارەتچىنىڭ ھەممىسى ئىش ئورنىغا بېرىپ ئاھالىلەر تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ نورمال تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلدى ھەم پائال تۈردە تەقسىملەش ـ يەتكۈزۈش سۇپىسى قۇرۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىغىچە مال يەتكۈزۈپ بەردى. بازارنىڭ كۈندىلىك ئاشلىق، ياغ، قوشۇمچە يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 130 توننا ئەتراپىدا بولدى.

مۇخبىر ئۈرۈمچى شەھىرى بېيجىڭ يولىغا جايلاشقان كەررىفور تالالا بازىرىدا گۈرۈچ، ئۇن، ياغ قاتارلىق ئاساسىي تۇرمۇش بۇيۇملىرى مال جازىلىرىغا لىق تىزىلغان بولۇپ، خېرىدارلارنىڭ تالىلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. شىنجاڭ كەررىفور تالالا بازىرى چەكلىك شىركىتى ۋاقىتلىق خەلق تۇرمۇشى تاۋارلىرىنى سېتىۋېلىش نۇقتىسى تەسىس قىلىش، ئەتراپتىكى ئولتۇراق رايوندىكى ئاھالىلەرنى كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تەقسىملەش ـ يەتكۈزۈش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، شەھەر ئاھالىلىرىنى «كۆك ـ تاق»، «ئاشلىق»، «مېۋە ـ چېۋە» قاتارلىق تۈرلۈك زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلدى.